# جۇڭگو

شياڭگاڭ، ئاۋمىن، شىزاڭ توغرىسىدىكى دوكلاتلار مۇشۇ دوكلاتنىڭ ئاخىرىدا.

جۇڭگونىڭ ئاساسى قانۇنىدا جۇڭگو پۇخرالىرىنىڭ دىنغا ئېتىقات قىلىش ئەركىنلىكىنىڭ بارلىقى شەرھلەنگەن. ئاساسى قانۇن يەنە دولەت، ئاممىۋى ئورگانلار ۋە شەخسلەرنىڭ، پۇخرالارنىڭ ھەرقانداق دىنغا ئېتىقات قىلىش قىلماسلىقىغا ئارلىششىنى چەكلەيدۇ. ئاساسى قانۇن ۋە باشقا قانۇنلاردا، ھۆكۈمەتكە تىزىمغا ئالدۇرغان ”نورمال دىنىي پائالىيەتلەر“نى ئېلىپ بارىدىغان، دۆلەت قوللايدىغان ”بەش ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلار قوغدىلىدۇ“ دەپ تەكىتلەنگەن(بۇددا دىنىي، داۋجاۋ دىنىي، ئىسلام دىنىي، كاتولىك دىنىي، خرىستىيان دىنىي تەشكىلاتلىرى). قانۇندا يەنە شۇنداقلا يوقارقى تەشكىلاتلار دىنىي گۇرۇپپىلارنى ھەم دىنىي مۇراسىم ئورۇنلىرىنى تىزىمغا ئالدۇرالايدۇ دەپ بەلگىلەنگەن.

جوڭگو كومۇنىستىك پارتىيىسى( ج ك پ ) ئەزالىرىنىڭ دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتنىششى رىغبەتلەندۈرۈلمەيدۇ. ھۆكۈمەتكە تىزىمغا ئالدۇرۇلغان دىنىي مۇراسىم ئورۇنلىرىدا ياكى خۇسۇسى سورۇنلاردا كىشلەرنىڭ دىنىنى ئۆزگەرتىشكە يول قويىدۇ. ئاممىۋى سورۇنلاردا،ھۆكۈمەتكە تىزىمغا ئالدۇرمىغان دىنىي مۇراسىم ئورۇنلىرىدا دىنىنى ئۆزگەرتىش،شۇنداقلار چەتئەللىكلەر تەرىپىدىن دىنىنى ئۆزگەرتىش چەكلىنىدۇ. فالۇنگوڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بەزى دىنىي، مەنىۋىي

تەشكىلاتلار قانۇنسىز دەپ قارىلىدۇ. خرىستىيان دىنىنىڭ"ئۆي چېركوۋلىرى"، ۋاتىكانغا سادىق بولغان كاتولىك دىندىكىلەر قانۇنسىز دەپ قارالمىسىمۇ، ئەگەر ئۇلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلار بىلەن ئالاقىسى بولمىسا ئۇلارنىڭ ئوچۇق-ئاشكارە ھالدا دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىغا يول قويۇلمايدۇ. جوڭگونىڭ بەزى رايونلىرىدا ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلار بىلەن ئالاقىسى بولمىغان دىنغا ئېتىقات قىلغۇچىلارغا " قانۇنسىز دىنىي تەشكىلاتلارغا قاتناشتى"، "جەمئىيەت ئامانلىقىنى بۇزدى" دىگەن ئەيىبلەشلەر بىلەن جەرىمانە قويۇلماقتا ھەتتا تۈرمىلەرگە تاشلانماقتا.

بۇ يىل ئىچىدە جوڭگو ھۆكۈمىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ( ش ئۇ ئا ر) دىكى دىنىي باستۇرۇشنىڭ سالمىقىنى ئاشۇردى.
2009-يىلى ئىيۇلدىكى نامايىشتىن كېيىن جۇڭگو ھۆكۈمىتى تىزىملىتىلمىغان دىنىي ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى ۋە دىنىي كىيىم كىيىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان "قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەر" گە قاتتىق زەربە بېرىش قارارىغا كەلدى. ھۆكۈمەت ش ئۇ ئا ر دىكى بەزى مەسچىتلەرنى تاقىۋەتتى. مەزكۇر دوكلاتنىڭ يېزىلىش جەريانىدا شىنجاڭ ئاپتونوم رايونى( ش ئا ر ) ۋە زاڭزۇلار ياشايدىغان باشقا رايونلاردا دىنىي جەھەتتىكى باستۇرۇش يەنىلا ئېغىر بولۇپ كەلمەكتە. ئۇنىڭدىن باشقا رايونلاردا بولسا ھۆكۈمەت جوڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقى، تيەنئەنمېن قىرغىنچىلىقىنىڭ 20 يىللىقى، شاڭخەي دۇنيا كۆرگەزمىسى قاتارلىق " سەزگۈر مەزگىللەر" ۋاقتىدا دىنىي تەشكىلاتلارغا بولغان كونتىرۇللۇقىنى كۈچەيتمەكتە. بەزى ئۆي چېركوۋلىرى ھۆكۈمەتنىڭ ئۇلارنى بۇ مەزگىللەردە يىغىلىش قىلماسلىققا

قىستاۋاتقانلىغىنى ئىنكاس قىلسا يەنە بەزى ئۆي چېركاۋلىرى نورمال يىغىلىشنى چەكلەيدىغان چەكلىمىنىڭ يوقلىغىنى ئىنكاس قىلماقتا.
ئۇيغۇر مۇسۇلمانلار ۋە زاڭزۇ راھىب، راھىبەلەرگە مۇشۇنداق سەزگۈر مەزگىللەردە مىھمانخانىدىن ياتاق بەرمەسلىك قاتارلىق كەمسىتىشلەرنىڭ كۆچەيگەنلىگى خەۋەر قىلىنماقتا.

جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ 2010 ـ 2009 يىللىق دۆلەتلىك كىشىلىك ھوقوق ھەرىكەت پىلانىدا ( د ك ھ ھ پ ) ھۆكۈمەت دىنىي ئىشلارنى قوللاپ، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق پروگراملىرىنى يولغا قويۇپ قانداق قىلغاندا دىننى جەمىيەت ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇش، دىننى خەلقنىڭ پاراۋانلىغى ئۈچۈن ئىشلىتىش تەكىتلەنگەن. مەركىزى ھۆكۈمەت ئوچۇق ئاشكارە ھالدا ھۆكۈمەتكە تىزىمغا ئالدۇرغان دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىجتىمائىي مۇلازىمەتلىرىنى قوللىغان ۋە ئۇلارنىڭ جەمىيەتتىكى رولىنى جەزملەشتۈرگەن. چەتئەللەردىكى بەزى دىنىي تۈس ئالغان ياردەم بېرىش تەشكىلاتلىرىنىڭ يەرلىك ھۆكۈمەت ۋە ھۆكۈمەتكە تىزىمغا ئالدۇرغان دىنىي تەشكىلاتلار بىلەن ھەمكارلىشىپ جەمىيەتكە مۇلازىمەت قىلىشىغا يول قويۇلغان،ھۆكۈمەتنىڭ تەشۋىقات ۋاستىلىرىدە ۋە تەتقىقات يىغىنلىرىدا ئۆي چېركاۋلىرى توغرىسىدىكى مۇنازىرە كۆپەيگەن.

ئامېرىكا گوۋييەنى، ئامېرىكىنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسى ۋە ئامېرىكىنىڭ چېڭدۇدا، گۇاڭجۇدا، شاڭخەيدە، شېنياڭدا، ۋۇخەندە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىلىرى ئۈزلۈكسىز ھالدا جۇڭگو ھۆكۈمىتىدىن دىنىي ئەركىنلىكنى كېڭەيتىشنى، جۇڭگونىڭ ئاساسى

قانۇندا بەلگىلەنگەن پۇخرالارنىڭ دىنىي ھوقوقىغا ۋە خەلقئارادا ئورتاق ئېتىراپ قىلىنغان دىنىي قائىدا-تۈزۈملەرگە ھۆرمەت قىلىشنى تەلەپ قىلىپ كەلمەكتە. ئامېرىكا ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى جۇڭگودىكى دىنىي زىيانكەشلىكنى ئەيىبلەش بىلەن بىرگە يەنە بولىۋاتقان ئىجابىي ئۆزگىرىشلەرنىمۇ ئېتىراپ قىلماقتا. جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ۋە ۋاشىنگىتوندىكى ئامېرىكا ئەمەلدارلىرى دىنغا ئېتىقات قىلىدىغان كىشىلەر بىلەن، دىنىي سەۋەب بىلەن تۈرمىدە يېتىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئائىلە-تاۋابەتلىرى ۋە دىنىي ئەركىنلىكنى قوغدىغۇچىلار بىلەن كۆرۈشكەن. ئامېرىكا باش ئەلچىخانىسى شەخسلەرنىڭ دىنىي ئېتىقاتى تۈپەيلىدىن تۈرمىگە تاشلىنىشتەك قىلمىشلارغا نارازىلىق بىلدۈرگەن. دىنىي ئەركىنلىك- **2010**يىلى مايدا ئىلىپ بېرىلغان ئامېرىكا-جۇڭگو كىشىلىك ھوقوق سۆھبىتىنىڭ ئاساسلىق تېمىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئامېرىكا ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى جۇڭگو ھۆكۈمىتىدىن زاڭزۇ بۇددىستلار ۋە ئۇيغۇر مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ئەركىنلىكىنى بوغۇۋاتقان سىياسەتلەرگە قاراپ چىقىشقا دەۋەت قىلغان. **1999**-يىلدىن بۇيان ئامېرىكا دۆلەت ئىشلار كاتىۋى جۇڭگو ھۆكۈمىتىنى خەلقئارالىق دىنىي ئەركىنلىك ئەھدىنامىسىغا خىلاپلىق قىلغان، دىنىي ئەركىنلىك ئېغىر دەخلى-تەرۇزغا ئۇچراۋاتقان”كىشىنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغاۋاتقان دۆۋلەتلەر “قاتارىدا ساناپ كەلمەكتە.

## بىرىنچى بۆلۈم : دىنىي نوپۇس

جۇڭگونىڭ ئۈچ مىليون بەش يۈز مىڭ كوۋادرات ئېڭگىلىز مىلى يەر مەيدانى، بىر مىليارت ئۈچ يۈز مىليون نوپوسى بولۇپ، **2007**-يىلى

فېۋرالدا شاڭخەيدە ئېلىپ بېرىلغان شۇنداقلا ھۆكۈمەت ئاخبارات ۋاستىلىرىدا ئېلان قىلىنغان تەكشۈرۈشكە قارىغاندا جۇڭگودا 16 ياشتىن يۇقۇرى بولغان 31.4 پىرسەنت نوپۇس دىنغا ئېتىقات قىلىدىكەن. شۇ قېتىملىق تەكشۈرۈشتە ئىككى يۈز مىليون نوپۇس ئۆزىنىڭ بۇددىست، داۋجاۋ دىنى مۇرىتى ياكى ئۆز ئەجداتلىرىغا ئىشىنىدىغانلىغىنى بىلدۈرگەن. جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ 2009-يىلى فىۋرالدا ئېچىلغان بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقوق كومىتېتىنىڭ قەرەللىك يىغىنىغا سۇنغان دوكلاتىدا، جۇڭگو ھۆكۈمىتى جۇڭگودا يۈز مىليون دىنغا ئېتىقات قىلغۇچىنىڭ بارلىغىنى ئىلگىرى سۈرگەن. بۇددا دىنىغا ياكى داۋجاۋ دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغانلارنىڭ سانىنى مۆلچەرلەش قىيىن چۈنكى بۇ دىنغا ئېتىقات قىلىدىغانلارنىڭ دىنىي توپى بولمايدۇ، ئۇرغۇنلىرى پەقەت ئۆيلىرىدىلا ئىبادەت قىلىدۇ. جۇڭگۇدىكى بىر جامائەت پىكرىنى سىناش شىركىتىنىڭ 2007-يىلىدىكى بايقىشىغا قارىغاندا جۇڭگودا 11 پىرسەنتتىن 16 پىرسەنتكىچە بولغان قۇرامىغا يەتكەنلەر ئۆزىنى بۇددىست دەپ قارىغان، بىر پىرسەنتكە يەتمىگەن قۇرامىغا يەتكەن نوپۇس ئۆزىنىڭ داۋجاۋ دىنى مۇرىتى ئىكەنلىگىنى بىلدۈرگەن. شىنخۇا ئاخبارات ئاگېنتلىغىنىڭ پەرەز قىلىشىچە جۇڭگودا نۆۋەتتە يۈز مىليون بۇددىست بار ئىكەن.

دۆلەتلىك دىنىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ(د د ئى ك ) بىلدۈرىشىچە جۇڭگودا نۆۋەتتە 21 مىليون مۇسۇلمان بار ئىكەن. مۇستەقىل كۆزەتكۈچىلەر بولسا جۇڭگودا 50 مىليوندىن ئارتۇق مۇسۇلمان بار دەپ قارىماقتا، دۆلەت دىنىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ (د د ئى ك)ئىستاتىكىسىغا قارىغاندا جۇڭگودا جەمى36000 دىن ئارتۇق ئىسلام دىنىنىڭ ئىبادەت

قىلىش ئورنى ( بۇنىڭ ئىچىدە كۆپرەگى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا )، 45000 ئىمام، 10 ئىسلام مەكتىۋى بار ئىكەن. جۇڭگودا ھۆكۈمەت، ھۆكۈمەت ئىگىدارچىلىقىدىكى دىنىي ئىبادەت ئورۇنلىرى ۋە دىنىي مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ.

جۇڭگودا جەمى 10 مۇسۇلمان مىللەت بار بولۇپ، بۇ مىللەتلەرنىڭ بەزىلىرىدە ئاياللارنىڭ ئايرىم مەسچىتلىرى بولىدۇ. ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە جۇڭگو ئىسلام جەمىيتى ( ج ئى ج ) ئايال ئىماملارغىمۇ ئىماملىق گۇۋاھنامىسى تارقىتىدىكەن. 2000 - يىللىق نوپۇس تەكشۈرۈشكە قارىغاندا جۇڭگودا مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ سانى 20.3 مىليون بۇلۇپ بۇنىڭ ئىچىدە خۇيزۇلار 9.8مىليون، ئۇيغۇرلار 8.4 مىليون،قازاقلار1.25مىليون. بۇ ئۈچ مىللەتلەر جۇڭگودىكى مۇسۇلمانلارنىڭ 96 پىرسەنتتىنى ئىگەللىگەن. خۇيزۇلار جۇڭگونىڭ ھەممە يېرىدە بار بولسىمۇ لېكىن ئاساسلىغى نىڭشىيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونىغا، چىڭخەيگە، گەنسۇ ئۆلكىسىگە ئولتۇراقلاشقان، ئۇيغۇرلار ئاساسلىق شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ( ش ئۇ ئا ر ) توپلىشىپ ياشايدۇ.

دۆلەت دىنىي ئىشلار كومىتىنىڭ 2010 - يىلى ئىيونىدىكى ئىستاتىكىسىغا ئاساسلانغاندا جۇڭگودىكى رەسمى خىرىستىيانلارنىڭ نوپوسى 16 مىليون بۇلۇپ ھۆكۈمەتنىڭ تىزىملىگىدىكى خىرىستىيان دىنىي تەشكىلاتى ”ئۈچ ئۆزگە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەشكىلاتى“ نىڭ (ئۈ ئۆ ۋ ت)باشقۇرۇشى ئاستىدىكى خىرىستىيان چېركوۋلىرى 50000 دىن ئاشىدىكەن، يەنە ئۈچ ئۆزگە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەشكىلاتى ئاچقان 18 دىنىي مەكتەپ بار ئىكەن. پيۇ تەتقىقات مەركىزىنىڭ 2007 - يىلىدىكى

پەرىزىگە قارىغاندا جۇڭگودا تىزىمغا ئالدۇرۇلمىغان دىنىي يىغىلىشلارغا ۋە ئۆي چېركاۋلىرىدىكى ئىبادەتلەرگە قاتنىشىدىغان 50 مىليوندىن 70 مىليونغىچە خرىستىيانلار بار ئىكەن. جۇڭگودىكى بىر تەتقىقاتچىنىڭ مۆلچەرلىشىچە جۇڭگودا ھۆكۈمەتنىڭ چىركاۋلىرىغا ۋە تىزىمغا ئالدۇرمىغان چېركاۋلارغا بارىدىغان خرىستىيانلارنىڭ سانى 90 مىليونغا يېتىدىكەن.

جۇڭگو دۆلەتلىك دىنىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ قارىشىچە جوڭگۇدا ۋەتەنپەرۋەر كاتولىكلار ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن تىزىمغا ئالدۇرۇلغان كاتولىك دىنىنىڭ ئىبادەت ئورنىغا بارىدىغان كىشىلەر بەش مىليون ئۈچ يۈزمىڭغا يېتىدىكەن. شياڭگاڭدىكى خولى سپىرىت تەلىم ئورنىنىڭ بىلدۈرىشىچە، جۇڭگودىكى كاتولىكلار 12 مىليوندىن ئاشىدىكەن. جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ماتىرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا نۆۋەتتە ۋەتەنپەرۋەر كاتولىكلار ئۇيۇشمىسىنىڭ 70 تىن ئارتۇق باش روھانى، 3000 دىن ئارتۇق پوپ ۋە راھىبەسى، 6000 دىن ئارتۇق چېركاۋى ۋە يىغىلىش ئورۇنلىرى، 12 تەتقىقات ئورنى، مەملىكەت مىقياسىدا 97 دىنىي رايونى بار ئىكەن. بۇنىڭ ئىچىدە 40 دىنىي رايوننىڭ 2007 ـ يىلغىچە تېخى باش روھانى يوق بولۇپ، 30 دىن ئارتۇق باش روھانىنىڭ يېشى 80 دىن ئاشقان.

شىنجاڭ، خېيلوڭجاڭ، جېجاڭ، گۇاڭدوڭ قاتارلىق بەزى ئۆلكە ـ رايونلاردا يەرلىك ھۆكۈمەت پروسلاۋىيان دىنى قاتارلىق مەملىكەت مىقياسىدا ئېتىراپ قىلىنغان بەش دىندىن باشقا دىنلارنىمۇ قانۇنلاشتۇرغان.

بەزى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى دىنلىرىغا ئۈزلۈكسىز ئېتىقات قىلىپ كەلمەكتە. مەسىلەن يۈننەندىكى ناشى مىللىتى ئارىسىدىكى دوڭبا ئېتىقادى، گۇاڭشىدىكى جۇاڭزۇلار ئارىسىدىكى

بۇلۇتو ئېتىقاتى قاتارلىقلار، ئەپسۇسكى مازۇ ئايال ئەۋلىياغا ئېتىقات قىلىش بولسا دىنىي ئېتىقات ئەمەس بەلكى مەدىنىي يادىكارلىق دەپ قارالماقتا.

ئۆز-ئۆزىنى يەل گۇمپىسى( چىگوڭ )بىلەن لى خوڭجىنىڭ تەلىملىرى بىرلەشتۇرۇلگەن مەنىۋى كۆچ دەۋالغان فالۇنگوڭنىڭ 1999-يىلىنىڭ ئالدىدا ھۆكۈمەت تەرىپىدىن چەكلەشتىن بۇرۇن 70 مىليون مۇرىتى بارلىغى پەرەز قىلىنماقتا.

## ئىككىنچى بۆلۈم : دىنىي ئەركىنلىكنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى

### قانۇن ۋە سىياسى قۇرۇلما

جۇڭگو ھۆكۈمىتى خەلقئارالىق گىراجدانلىق ۋە سىياسى ھوقۇق ئەھدىنامىسىغا ئىمزا قويغان بىلەن بۇ ئەھدىنامىنى رەسمى يوسۇندا تەستىقلىغىنى يوق. بۇ ئەھدىنامىدا ئېنىق قىلىنىپ ئىنسانلارنىڭ "دىنىي ئېتىقات قىلىش، دىنىي قائىدە-تۆزۇملەرگە رىئايە قىلىش، دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىش ئەركىنلىگى بولىدۇ" دەپ كۆرسىتىلگەن. جۇڭگونىڭ ئاساسى قانۇنىدا دىنغا ئېتىقات قىلىش قىلماسلىق ۋە"نورمال دىنىي پائالىيەتلەر" قوغدۇلىدۇ دەپ كۆرسىتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاساسى قانۇننىڭ روھى بويىچە دىنىي ئەركىنلىكنى قوغداش توغرىلىق ھۆكۈمەت ئۈستىدىن ئەرز قىلىش مۇمكىن بولمىغان بىر ئىش. جىنايى ئىشلار قانۇنىدا دىنىي ئەركىنلىككە بۇزغۇنچىلىق قىلغان ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى يۇقۇرى بولغاندا ئىككى يىل قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ دەپ كۆرسىتىلگەن بولسىمۇ يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ مەمۇرى

ھوقۇق چۇشۇرۇش ۋە ئىجرا قىلىش ھوقۇقى بولغاچقا دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ قىلچىلىك ئۆزىنى قوغداش يولى يوق.

جۇڭگو مەركىزى ھۆكۈمىتى بەزى دىنىي ۋە مەنىۋى تەشكىلاتلارنى چەكلىگەن، شۇ خىل دىنىي تەشكىلاتلارغا ئەزا بولغانلارنى ۋە ياكى ئۇلارنى قوللىغانلارنى تۇرمىگە تاشلىغان. جۇڭگونىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنىدا چەكلەنگەن بۇ خىل تەشكىلاتلار "رەزىل خۇراپى تەشكىلاتلار"دەپ تەسۋىرلىنىدۇ، 1999-يىلدىكى قانۇن ئىبارىلىرىنى چۈشەندۈرۈشتە بۇ خىل تەشكىلاتلار "قانۇنسىز ھالدا دىنىنى ۋە ياكى يەل گۇمپىسى( چى گوڭ)نى بانا قىلىپ، ئۆز رەھبەرلىرىگە باشقىلارنى خۇراپى چوقۇندۇرۇپ، قانۇنسىز ھالدا ئەزالىرىنى كۆپەيتىپ خۇراپى ئىدىيەلەرنى تارقىتىدىغان، جەمىيەتكە زىيانلىق تەشكىلاتلار" دەپ چۈشەندۈرۈلگەن. بۇ خىل چۈشەندۈرۈشكە تەنقىدى پوزىتسىيە تۇتىدىغان ياكى بۇ خىل چۈشەندۈرۈشكە قارشى تۇرىدىغان ئاممىۋى ئۆلچەم يوق، جۇڭگو ھۆكۈمىتى يەنىلا گۇئەنىن ئايال خۇداسىغا، جوڭگوڭغا (بىر خىل چى گوڭ ئېتىقاتى)تاۋاپ قىلىشنى شۇنداقلا فالۇنگوڭنى چەكلەپ كەلمەكتە. جۇڭگو ھۆكۈمىتى شاۋتېر ( ناخشا-ئۇسۇل ئارقىلىق خىرىستىيان دىنىنى تەشۋىق قىلىدىغان دىنىي گۇرۇپ)، شەرقتىكى نۇر (Eastern Lightning)، مىنتۇخۇي،كەڭ دائىرە چېركوۋى (Full Scope Church)، مەنىۋى مەزھەپ (Spirit Sect) ، تەۋرات چېركوۋى، سان بان پۇ رېن (Three Grades of Servants)، مۇرۇتلار ئۇيۇشمىسى(Association of Disciples) ، خۇدا مەزھىپى(Lord God Sect)، خاقان چېركوۋى(Established King Church)، ئىتتىپاقداشلار چېركوۋى (Unification Church)، ئائىلىۋى مۇھەببەت (Family of Love)ۋە جەنۇبى جۇڭگو چېركوۋى قاتارلىق خىرىستىيان دىنىي

تەشكىلاتلىرىنى”رەزىل خۇراپى تەشكىلاتلار“ دەپ قارىماقتا.

مەملىكەت مىقياسىدا، مەركىزى بىرلىكسەپ بۆلۈمى، دۆلەتلىك دىنىي ئىشلار كومىتېتى، ۋە خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىگى 1998 ـ يىلى يولغا قويۇلغان دىنىي ئىشلار قائىدە ـ قانۇنى، 2005 ـ يىلى يولغا قويۇلغان ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ دىنىي سورۇنلارنى قۇرۇش، دىنىي خادىملارنى تەربىيلەش، دىنىي كىتاپلارى نەشىر قىلىش ۋە يەرلىككە ئىجتىمائى پاراۋانلىق خىزمىتى ئىلىپ بېرىشنى بەلگىلەيدىغان ئىجتىمائى تەشكىلاتلارنى باشقۇرۇش نىزامنامىسىنىڭ يولغا قويۇلىشىغا ”يېتەكچىلىك ۋە نازارەت قىلىدۇ“. ۋەتەنپەرۋەر دىنىي رەھبەرلەرنىڭ دۆلەت بىلەن قويۇق مۇناسىۋىتى بار بولۇپ،بەزىدە هۆكۈمەت ئۇلارغا مائاش تارقىتىدۇ، ئۇلارنىڭ جۇڭگو كومۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىگىنى قوللاش تەلەپ قىلىنىدۇ، بۇ كىشىلەر يەنە مەملىكەتلىك سىياسى كېڭەش يىغىنلىرىغا قاتنىشىدۇ.

بەش چوڭ ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلاردىن باشقا دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ قانۇنى ئورۇنغا ئېرىشىش ناھايىتى مۇشكۈل بولۇپ دائىم جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى(ج خ)، دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ (د ئى ئى)جازاسىغا ئۇچراپ تۇرىدۇ. جۇڭگونىڭ بەزى جايلىرىدا يەرلىك ئەمەلدارلار تىزىمغا ئالدۇرمىغان دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى كۆرمەسكە سېلىپ يول قويىدۇ، بەزى يېزىلاردا تىزىمغا ئالدۇرمىغان چېركوۋلارنىڭ ئىبادەتتىگە نەچچە يۈزلىگەن ئادەم قاتناشسا يەنە بەزى جايلاردا يەرلىك ئەمەلدارلار بۇ خىل پائالىيەتلەرگە قاتتىق زەربە بېرىپ، چېركوۋنىڭ مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىپ چېركوۋ رەھبەرلىرىنى ۋە

مۇرتلارنى تۈرمگە تاشلايدۇ.
بىرنەچچىلىگەن دىنىي رەھبەرلەرنىڭ ئۆز دىنىي تەشكىلاتلىرىنىڭ تىزىمغا ئالدۇرۇش ئىلتىماسى ئۇلارنىڭ تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلارغا ئەزا بولماسلىقى سەۋەبى بىلەن رەت قىلىنغان، بۇ رەھبەرلەر ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلارغا ئەزا بولماسلىقىنىڭ سەۋەبىنى ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ دىنىى سىياسىلاشتۇرغانلىقىدىن، شۇنداقلا خىرىستىيان دىنى بىلەن سوتسىيالىزىمنى ئارىلاشتۇرىۋەتكەنلىكىدىن بولغان دەپ چۈشەندۈرمەكتە. ئۆي چېركوۋى رەھبەرلىرى ئەگەر ئۇچ ئۆزگە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەشكىلاتى ۋە جۇڭگو خىرىستىيانلار جەمىيتى ( ج خ ج )نىڭ ئىدىيىسى بويىچە بولغاندا ئۆي چېركوۋلىرىنىڭ مەلۇم دىنىي قاراشلارنى، دىن تارقىتىشنى، بەزى دىنىي مۇراسىملارنى ئىنكار قىلىشى تەلەپ قىلىنىدىغانلىقىنى ئىنكاس قىلماقتا.

2005 ـ يىلىدىن بۇيان دۆلەتلىك دىنىي ئىشلار كومىتېتى ئاشكارە ھالدا ئائىلە ئەزالىرى ۋە دوست ـ بۇرادەرلەرنىڭ ئۆيدە يىغىلىشىپ ئىبادەت قىلىشىغا ھۆكۈمەتكە ئۇختۇرۇش قىلمايلا ئىنجىل ئۆگىنىشكە قارشى تۇرمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئۇلارنىڭ بۇ قارارى دىنىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ تور بېتىدىمۇ نەچچە قېتىم ئېلان قىلىنغان، لېكىن بۇ قارار ئوخشىمىغان ئۆلكىلەردە، ناھىيە ـ شەھەرلەردە ئۆزلۈكسىز ئىجرا قىلىنغىنى يوق. بەزى يەرلەردە يەرلىك ھۆكۈمەت ئائىلىلەردە ئىلىپ بېرىلىۋاتقان دىنىي يىغىلىشلارغا ئاۋارىچىلىق سالغان.
شەخسلەر دىنىي كۇرۇسلارغا قاتناشماقچى ياكى دىنىي ئالىي مەكتەپلەرگە كىرمەكچى بولسا چوقۇم ۋەتەنپەرۋەرلىك دىنىي

تەشكىلاتلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك، ھۆكۈمەتمۇ ئۇقۇغۇچىدىن سىياسى جەھەتتە ئىشەنچلىك بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. دىنىي مەكتەپلەرنىڭ مەكتەپ پۈتتۈرۈش ئىمتاھانلىرىدا سىياسى نەزىريەلەردىن ئىمتاھان ئېلىنىدۇ. ھۆكۈمەتكە تىزىمغا ئالدۇرغان ياكى ئالدۇرمىغان دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ ھەممىسلا تەربىيلەنگەن دىنىي خادىملارنىڭ كەمچىلىگىنى ئىنكاس قىلماقتا. ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلار تەرىپىدىن تىزىمغا ئالدۇرۇلغان مۇسۇلمان، خرىستىيان، كاتولىك، بۇددا دىنىنىڭ دىنىي خادىملىرىنىڭ چەتئەللەرگە چىقىپ دىندا ئوقۇشغا روخسەت قىلىنىدۇ لېكىن ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلارلار بىلەن ئالاقسى بولمىغان دىنىي خادىملارنىڭ پاسپورت ئېلىشى، چەتئەلگە چىقىپ ئوقۇشى ناھايىتى تەسكە توختايدۇ.

جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن ۋاتىكاننىڭ تېخى دىپلوماتىك مۇناسىۋىتى شۇنداقلا ۋاتىكاننىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ۋەكىلىمۇ يوق. ۋەتەنپەرۋەر كاتولىكلار ئۇيۇشمىسى( ۋ ك ئۇ )ۋاتىكان تەيىنلىگەن باش روھانىلارنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. جۇڭگودا ۋەتەنپەرۋەر كاتولىكلار ئۇيۇشمىسىغا قارىمايدىغان 40 قا يېقىن باش روھان بار بولۇپ، ئۇلار ھۆكۈمەت ئېتىراپ قىلمىغان ئەھۋال ئاستىدا مەشغۇلات ئېلىپ بارىدۇ. ۋەتەنپەرۋەر كاتولىكلار ئۇيۇشمىسى ۋاتىكاننىڭ بەزى روھانىلارنى تاللىشىغا ئېھتىياتچانلىق بىلەن روخسەت قىلىدىغان بولۇپ، مۆلچەرلىنىشچە ۋەتەنپەرۋەر كاتولىكلار ئۇيۇشمىسىنىڭ90 پىرسەنت روھانىنىڭ ۋاتىكان بىلەن مۇناسىۋىتى نورمال ئىكەن. لېكىن بەزى رايونلاردا يەرلىك ھۆكۈمەت تىزىمغا ئالدۇرمىغان كاتولىك دىنى پوپلىرىنى ۋە كاتولىك دىنى مۇرىتلىرىنى ۋاتىكان تەيىنلىگەن پوپلارنى ئەيىبلەشكە مەجبۇرلىغان،

ئەمما ۋاتىكان جۇڭگو ھۆكۈمىتى تەيىنلىگەن روھانىيلارنىڭ ھەممىسىنى دىگۇدەك ئېتىراپ قىلىدۇ.

جۇڭگودا دىنىي خەيرى ـ ساخاۋەت ئورۇنلىرى چوقۇم ھۆكۈمەتكە تىزىملىتىشى كېرەك. بەزى گۇرۇپپىلارنىڭ ئىنكاس قىلىشىچە، خەيىر ـ ساخاۋەت ئورۇنلىرى تىزىمغا ئالدۇرۇشنىڭ ئالدىدا خەيرى ـ ساخاۋەت مۇلازىمەتكە ياردىمى بولىدىغان سەھىيە ئورۇنلىرى بىلەن ئالاقە ئورناتماي بەلكى چوقۇم يەرلىك دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ ياردىمىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك، يەنە كېلىپ دىنىي تۈس ئالغان خەيىر ـ ساخاۋەت ئورۇنلىرىنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ بەش ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلىرىنىڭ بىرى بىلەن ئالاقە باغلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ، ھۆكۈمەتكە تىزىمغا ئالدۇرمىغان خەيىر ـ ساخاۋەت ئورۇنلىرىنىڭ ئوچۇق ئاشكارە ھالدا ئىئانە توپلىشى، ئادەم ئىشلىتىشى، بانكا ئاكونتى ئېچىشى ۋە ياكى مال ـ مۈلكىنىڭ بولۇشى چەكلىنىدۇ.

جۇڭگو ھۆكۈمىتى تىزىمغا ئالدۇرغان دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ ئىجتىمائى خىزمەتلەرنى ئېلىپ بېرىشىنى قوللايدۇ، لېكىن ھۆكۈمەت تەرەپ بولغان ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتلىرى بىلەن ئالاقىلىسى بولمىغان دىنىي گۇرۇپپىلارنىڭ خەلق ئىچىدىكى تەشكىلاتلار (NGO) سۈپىتىدە ھۆكۈمەتكە تىزىملىتىشى ياكى ئىجتىمائى خىزمەتلەرنى ئېلىپ بېرىشى تەسكە توختايدۇ.

شىئەن كاتولىك دىنىي رايونى ئىجتىمائى مۇلازىمەت مەركىزى ۋە كارىتاس خەلقئارا تەشكىلاتى 2010 ـ يىلى چىڭخەينىڭ يۈشۈ ناھىيىسىدە يۈز بەرگەن يەر تەۋرەش ئاپىتىدە زىيانغا ئۇچرىغانلارغا ياردەم بەرگەن. ھۆكۈمەت قوللايدىغان، مەملىكەتلىك خىرىستىيان خەيىر ـ ساخاۋەت تەشكىلاتى ـ دوستلۇق فوندى جەمىيىتى 2008 ـ يىلى

سچۇئەندە يۈز بەرگەن يەر تەۋرەش ئاپىتىدىن كېيىن ئۆزلۈكسىز ھالدا شۇ يەردىكى يېزىلارنى قايتا قۇرۇپ چىقماقتا.
تىزىمغا ئالدۇرغان دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىشلىتىلىدىغان دىنىي ماتېرىياللارنى تۈزۈپ چىقىشىغا، بېسىشىغا روخسەت قىلىنىدۇ.
دىنىي ماتېرىياللارنى ئوچۇق ئاشكارە تارقىتىش ئۈچۈن بۇ ئورگانلار چوقۇم ئەدەبىي ۋە دىنىي مەزمۇندىكى ماتېرىياللار قاتتىق تەكشۈرىلىدىغان مەملىكەتلىك مەتبە قائىدە ـ قانۇنلىرىغا بويى سۇنۇشى كېرەك. جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئىنجىلنىڭ ئۈچ ئۆزگە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەشكىلاتى ۋە جۇڭگو خىرىستىيانلار جەمىيىتىگە شۇنداقلا چېركوۋ ۋە دىنىي كۇرۇسلارغا تارقىتىلىشىغا چەك قويىدۇ، شەخسلەر ئىنجىلنى نەشرىياتتىن بىۋاستە سېتىۋالالمايدۇ. ھۆكۈمەتكە تىزىمغا ئالدۇرمىغان چېركوۋلارنىڭ بىلدۈرىشىچە، ئىنجىل يېزىلاردا يېتىشمەيدىغان بولسىمۇ ھۆكۈمەتنىڭ نەشر قىلغان باشقا خىرىستىيان دىنىي كىتابلىرى **1000** پارچىدىن ئاشقان. دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ قائىدە ـ قانۇنلىرى بويىچە بولغاندا ئەگەر ئىنجىل ۋە قۇرئانلار روخسەتسىز نەشر قىلىنسا، نەشر قىلىنغان ئىنجىل ۋە قورئانلار مۇسادىرە قىلىنىپ نەشر قىلغۇچى نەشرىياتلار تاقىۋېتىلىدۇ. ھۆكۈمەت داۋاملىق ئۆي چېركوۋلىرىنى تۈيۈقسىز تەكشۈرۈپ ئىنجىللارنى مۇسادىرە قىلىپ تۇرماقتا. تاموژنا خادىملىرى ئۆزلۈكسىز تۈردە ئىنجىل قاتارلىق دىنىي ماتېرىياللارنىڭ ئىمپورت قىلىشىنى نازارەت قىلىپ تۇرىدۇ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندا بولسا ھۆكۈمەت قۇرئاننىڭ سېتىلىشىغا چەك قويىدۇ، بەزى خەۋەرلەرگە قارىغاندا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندا ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىنجىل ئۆزلۈكسىز تۈردە چەكلىنىپ كەلگەن.

2005 ـ يىلى جۇڭگونىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۆيدە 18 ياشتىن تۆۋەن بالىلارغا دىنىدىن تەلىم بېرىشىنىڭ روخسەت قىلىنىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا بالىلارنىڭ دىنىي مۇراسىمغا قاتنىشىشىنىڭ چەكلەنمەيدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان. جۇڭگودا مەكتەپلەردە دىنسىزلىقنى تەشۋىق قىلىشقا قارشى تۇرۇلمايدۇ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا بولسا قۇرامىغا يەتمىگەن بالىلارنىڭ ھوقوقىنى قوغداش باناسى بىلەن بالىلارنىڭ دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشىنىڭ قاتتىق چەكلىنىۋاتقانلىقى كەڭ كۆلەمدە خەۋەر قىلىنماقتا لېكىن ئاپتونوم رايوننىڭ بەزى رايونلىرىدا بالىلار يەنىلا جۇمە نامىزىغا قاتناشماقتا.

جۇڭگونىڭ قانۇنى دىندارلارنىڭ ھۆكۈمەتتە ئىشلىشىنى چەكلىمەيدۇ، ئەمما جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى دىنىي تەشكىلاتقا قاتناشقان ئەزالىرىنىڭ پارتىيىدىن قوغلاپ چىقىرىلىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. جوڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەمگەك قانۇنىدا ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلارنىڭ ئادەم قوبۇل قىلغاندا قوبۇل قىلىنغۇچىلارنى ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ كەمسىتمەسلىكىنى تەكىتلىگەن بولسىمۇ، دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت ئىزلىگەندە ئوچۇق ـ ئاشكارە كەمسىتىلىشكە ئۇچراۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈشمەكتە. مەيلى يەرلىك ۋە ياكى چەتئەل كارخانىلىرى بولسۇن ئۇلارنىڭ فالۇنگوڭچىلارنى ئىشلەتمەسلىككە ئىلھام بېرىلىۋاتقانلىقى، بەزى خىرىستىيان مۇرىتلىرىنىڭ ئۆز دىنى ئېتىقاتى سەۋەبىدىن خىزمىتىدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتقانلىقى خەۋەر قىلىنماقتا.

جۇڭگودىكى بەزى دىنىي مۇرىتلار ئۆز دىنىي ئېتىقاتى سەۋەبىدىن دۆلەتنىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىگە قارشى تۇرۇپ كەلمەكتە، جۇڭگونىڭ بەزى رايونلىرىدا ھۆكۈمەتنىڭ پىلانلىق تۇغۇت ئورگانلىرى

ئەگەر ھاملدار ئاياللارنىڭ ھاملدارلىغى دۆلەتنىڭ نوپۇسنى كونتۇرۇل قىلىش سىياستىگە خىلاپ بولغان بولسا ھاملدار ئاياللارنى تۇغۇتتىن ساقلىنىش دورىنى ئىشلىتىشكە، توغماسلىق ئوپېراتسىيەسى قىلدۇرۇشقا مەجبۇرلىماقتا ۋە ياكى ئۇلارنىڭ بالا ئالدۇرىۋېتىشىنى تەلەپ قىلماقتا.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونۇم رايونىدا بولسا جۇڭگو ھۆكۈمىتى”بۆلگۈنچىلىككە، دىنىي ئەسەبىلىككە، تېرورىزىمغا قارشى تۇرۇش“باناسى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئەركىنلىگىنى قەبىھ ۋاستىلەر بىلەن بوغماقتا. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونۇم رايونىدا نورمال دىنىي پائالىيەت بىلەن جىنايى ھەركەت ۋە تېرورىزىم ئايرىلمىغاچقا، زەربە بېرىش، تۇتۇپ تۇرۇش، قولغا ئېلىش، سوتلاش قىلمىشلىرىنى سىياسى مۇدۇئاسىز دەپ قارىغىلى بولمايدۇ، ئەكسىچە ھۆكۈمەت نىڭشىيا، گەنسۇ، چىڭخەي، ۋە يۈننەندىكى خۇيزۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقاتىغا ئانچە ئارىلىشىپ كەتمەيدۇ.
جۇڭگو ھۆكۈمىتى رەسمى ئېتراپ قىلمىغان دىنلارغا ئېتىقات قىلىدىغان چەتئەللىكلەرنىڭ ئۆز دىنلىرىغا ئېتىقات قىلىشى نورمال ئەھۋالدا چەكلەنمەيدۇ.

جۇڭگونىڭ ئاساسى قانۇندا دىنىي ئورگانلارنى، دىنىي ئىشلارنى چەتئەللىكلەرنىڭ ئىگەللىۋېلىشى رەت قىلىندۇ دەپ بەلگىلەنگەن.”جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇريىتى تېرىتورىيىسى ئىچىدىكى چەتئەللىكلەرنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرىنى باشقۇرۇش ۋە يۈرگۈزۈش“ماددىلىرىغا ئاساسلانغاندا، چەتئەللىكلەرنىڭ يەرلىك ئامما ئارىسىدىن دىنىي مۇرىت توپلىشىغا، دىنىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ

بېرىشغا، يول قويۇلمايدۇ دەپ بەلگىلەنگەن.

جۇڭگو ھۆكۈمىتى بەزى چەتئەللىكى مەكتەپلەرنىڭ جۇڭگودىكى دىنىي رەھبەرلىرىنى دىنىي ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىشىگە يول قويىدۇ. داللاس دىنىي كۇرسى تور ئارقىلىق ئۈچ ئۆزگە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىرىگە دىنىي دەرسى بەرگەن، "ئىنجىل ئۆگىنىش ئوقۇش مۇكاپىتى( ئى ئۇ ئو م )" تىزىمغا ئالدۇرغان ۋە تىزىمغا ئالدۇرمىغان دىنىي گۇرۇپپا- تەشكىلاتلارنى دىنىي ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگەن. جۇڭگو خىرىستىيانلار جەمىيىتى ئىنجىل ئۆگىنىش ئوقۇش مۇكاپىتى گۇرۇپپىسىنىڭ بېيجىڭدا ئىنجىل ئۆگىنىش سىنىپى ئېچىشىغا قوشۇلغان، ئىنجىل ئۆگىنىش ئوقۇش مۇكاپىتى گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ بىلدۈرىشىچە بۇ سىنىپقا قاتناشقان كۇرسانتلارنىڭ 50 پىرسەنتتى ئۆي چىركوۋلىرىنىڭ ئەزالىرى ئىكەن.

## دىنىي ئەركىنلىككە قويۇلغان چەكلىمە

مەزكۇر دوكلات يېزىلىۋاتقان مەزگىلدە جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى دىنىي ئەركىنلىككە قاتتىق زەربە بېرىشى يۇقۇرى كۆتىرىلىۋاتقان، زاڭزۇلار رايونىدىمۇ ئەھۋال ناھايىتى ئېغىر. ھۆكۈمەتنىڭ بۇددا دىنى ۋە داۋجاۋ دىنى مۇرىتلىرىغا تۇتقان مۇئامىلىسى باشقا دىن مۇرىتلىرىغا تۇتقان مۇئامىلىسىگە قارىغاندا كۆپ مۆتىدىل، جۇڭگو ھۆكۈمىتى يەنە ئۆزلۈكسىز ھالدا ئۆي چىركاۋ تورلىرى ۋە باشقا چېركوۋ تورلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا چەك قويۇپ توسقۇنلۇق قىلىپ كەلمەكتە.

2009 ـ يىلى ئىيولدىكى نامايىشتىن كىيىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت ئاپتونوم رايوندىكى ئىماملارنى سىياسى جەھەتتىن تەربىيلەشنى كۈچەيتكەن،ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىنىڭ، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتنىششىغا قاتتىق چەك قويغان . ھۆكۈمەت دائىرلىرى بەزى ئۇيغۇرلارنىڭ پاسپورتلىرىنى تارتىۋېلىپ ئۇلارنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستانغا ھەجگە بېرىشىنى چەكلىگەن، بەزى مەسچىتلەر ۋاقتىنچە تاقىۋېتىلگەن، بەزى مەسچىتلەرنىڭ سېلىنىشىغا چەك قويۇلغان. شىنجاڭ ئىجتىمائى پەنلەر ئاكادىمىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندىكى ئىماملار مەجبۇرى قاتنىشىدىغان تەربىيلەش كۇرسى ئاچقان، كۇرۇستا سىياسى دەرسلەر ئۆتۈلگەن.
2010 ـ يىلى يانۋاردىكى دوكلاتقا ئاساسلانغاندا، ئاقسۇ ۋىلايىتىدە ھۆكۈمەت مەسچىتلەرگە ۋە مەسچىتتىكى ئىبادەتلەرگە بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتكەن. شۇ يىللىق ماي ئىيىدىكى دوكلاتقا قارىغاندا ئىلى ئوبلاستىدىكى پارتىيە ئورگانلىرى تور بېتىدە ئوقۇغۇچىلارغا دىنىي كىيىملەرنى كەيمەسلىكنى، دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتناشماسلىقنى، روزا تۇتماسلىقنى، ئەكسىيەتچى مەزمۇنى بولغان دىنىي ماتىرىياللارنى ئاڭلىماسلىق، كۆرمەسلىكنى تەرغىپ قىلغان. 2009 ـ يىلى سىنتەبىردە بولسا بايىنغولىن ئاپتونوم ئوبلاستى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ دىنغا ئىشىنىشنى، دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتنىششىنى، ئۇلارنىڭ دىنىي كىيىملەرنى كىيىشنى چەكلىگەن. ئاقسۇدىكى ھۆكۈمەت تور بېتىنىڭ مايدىكى دوكلاتىغا قارىغاندا ئاقسۇدىكى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى " دىنىي ئەسەبىلىككە " قارشى تۇرۇش مۇناسىۋىتى بىلەن 34 پارچە ياغلىقنى، 42 دانە كىيىم ۋە 53 پارچە كىتاپنى ئوچۇق ـ

ئاشكارە كۆيدۈرگەن. خەلقئارادىكى مەبۇئاتلارنىڭ خەۋەرلىرىگە قارىغاندا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونۇم رايونىدىكى ئەمەلدارلار ياشلاردىن ساقال قويماسلىقنى، ياغلىق ئارتماسلىقنى تەلەپ قىلغان. تۇرپان ۋىلايىتىدىكى ۋە قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىدىكى ئۇقۇتقۇچى ۋە ئارتىس قوبۇل قىلىش ئېلانلىرىدا قوبۇل قىلىنغۇچىلارنىڭ دىنغا ئېتىقات قىلماسلىغى، دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتناشماسلىغى شەرت قىلىنغان.

مەزكۇر دوكلات يېزىلىۋاتقان ۋاقىتلاردىمۇ دىنىي گۇرۇپپىلار ۋە شەخسلەرنىڭ بىلوگلىرى قەرەللىك ئېتىپ قويۇلماقتا.

## دىنىي ئەركىنلىكنى دەپسەندە قىلىش

مەزكۇر دوكلات تەييارلىنىۋاتقان چاغلاردىمۇ ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ئۆزلۈكسىزھالدا تىزىمغا ئالدۇرغان ۋە ياكى ئالدۇرمىغان دىنىي تەشكىلاتلارنى قاتتىق تەكشۈرۈپ، ئۇلارنى ناھەق ئاۋارە قىلىپ كەلمەكتە. يىغىلىپ ئىبادەت قىلغان، دىنىي ئېتىقاتىنى ئاممىۋى سورۇندا ياكى خۇسۇسى سورۇندا ئىپادىلىگەن،دىنىي كىتابلارنى نەشر قىلغان، دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بارغان دىگەن جىنايەت بىلەن دىنىي زاتلار تۇتۇلۇپ تۇرمىگە سولانماقتا ۋە جازالانماقتا.

جۇڭگو ھۆكۈمىتى شەخسلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادى سەۋەبىدىن ئۇلارنى تۇتۇپ تۇرغان ياكى قولغا ئالغانلىغىنى ئىنكار قىلسا، يەرلىك ئەمەلدارلار تىزىمغا ئالدۇرمىغان دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ ئەزالىرىنى ئەمگەك بىلەن تەربىيلەش لاگىرلىرىغا ئەۋەتىپ قاماپ جازالىماقتا. ھۆكۈمەت يەنە دىنىي ئەركىنلىكنى، تۇرمىدە قامالغانلارنىڭ دىنىي ئەركىنلىكنى تەرغىپ قىلغۇچىلارنى قوللايدىغان ئادۋوكاتلارنىڭ ئادۋوكاتلىق بىلەن

شۇغۇللىنىشنى چەكلىمەكتە. بەزى دىنىي رەھبەرلەر ۋە دىنىي ئەركىنلىكنى تەرغىپ قىلغۇچىلارنىڭ ئائىلە ـ تاۋابەتلىرى ناھەق ئاۋارە قىلىنماقتا ۋە تۇتۇپ تۇرۇلماقتا.

مەزكۇر دوكلاتنى يېزىپ تۈگەتكىچە بولغان ئارىلىقتىمۇ ئادكوۋات گاۋ جىشىڭنىڭ نەدىلىكى يەنىلا نامەلۇم. گاۋ فالۇنگوڭچىلار ۋە ئۆي چېركوۋى خىرىستىيانلىرىنىڭ قانۇنىي ھوقۇقىنى قوغدىغۇچى بولۇپ ـ 2009يىلى فېۋرال ئېيىدا يوقاپ كەتكەن. خەلق ئىچىدىكى تەشكىلاتلارنىڭ(NGO) خەۋەر قىلىشىچە گاۋ 2007 ـ يىلى تۈرمىدىكى چېغىدا قىيىن ـ قىستاققا ئېلىنغان، 2010 ـ يىلى مارت ئېيىدا گاۋ قىسقىغىنە ۋاقىت قايتا پەيدا بولغان ۋە چەتئەللىك مۇخبىرلارغا ئۆزىنىڭ جۇڭگو ھۆكۈمىتىنى قايتا تەنقىت قىلمايدىغانلىقىنى، كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش ئۈچۈنمۇ كۈرەش قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن، 2010 ـ يىلى ئاپرېل ئېيىدا گاۋ يەنە يوقاپ كەتكەن.

يەنە بىر دىنىي ئەركىنلىكنى قوغدىغۇچى ئادكوۋات گو فېيشيوڭ ـ 2007يىلى ” قانۇنسىز سودا بىلەن شۇغۇللانغان“ دېگەن ئەيىبلەش بىلەن بەش يىل تۈرمىگە تاشلانغان، مەزكۇر دوكلاتنى تەييارلاش ئاخىرلاشقىچە گو يەنىلا گۇاڭجۇدىكى تۈرمىدە قاماقتا تۇرماقتا. گو فېيشيوڭنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ بىلدۈرىشىچە تۈرمىدە ساقچىلار ئۇنى ئۇرۇپ قىيىنىغان. 2009 ـ يىلى نويابىردا گو فېيشيوڭنىڭ ئايالى دۆۋلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىدىن يولدىشىنى قويۇپ بېرىشكە يادرەم سوراپ يازغان خېتى سەۋەبى بىلەن ساقچىلار تەرىپىدىن ھاقارەتكە ئۇچرىغانلىقىنى ئىنكاس قىلغان.

بېيجىڭدا خىزمەت قىلىدىغان ئادكوۋاتلاردىن لى سۇبىن، جاڭ

تىئەنيوگلار دىنىي ئەركىنلىكتە ۋە قالۇنگوڭغا مۇناسىۋەتلىك ئەرىزلەرنى قوبۇل قىلغانلىقى ئۈچۈن ئادۋوكاتلىق كىنىشكىسىنى يېڭىلىشى رەت قىلىنغان. 2010 ـ يىلى فالۇنگوڭ مۇرىتلىرىغا ئادۋوكاتلىق قىلغان ئادۋوكاتلاردىن تاڭ جىتەن، لىيۇ ۋېي قاتارلىقلارنىڭ بېيجىڭ ئەدلىيە ئىدارىسى تەرىپىدىن ئادۋوكاتلىق قىلىشى رەت قىلىنغان، ئۇيغۇرلارنىڭ ھوقۇقىنى قوغدىغۇچى رابىيە قادىرنىڭ ئىككى ئوغلىمۇ تۈرمىدە ياتماقتا. بەزى دىنىي ئەركىنلىكنى قوغدىغۇچىلار ئۆي ئىچىدە نەزەربەنتكە ئېلىنغان بولۇپ ئۇلارنىڭ چەتئەلگە چىقىشى چەكلەنگەن.

فالۇنگوڭ مۇرىتلىرىنىڭ چەتئەللىك مۇخبىرلار بىلەن ئۇچرىشىشى چەكلەنگەچكە ئۇلارنىڭ قانچىلىك زىيانكەشلىكتە ئۇچرىغانلىقىنى پەرەز قىلىش ئاسانغا چۈشمەيدۇ. خەلق ئىچىدىكى تەشكىلاتلارنىڭ(NGO) ۋە خەلقئارالىق ئاخبارات ۋاسىلىرىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە فالۇنگوڭ مۇرىتلىرىنى تۇتۇپ تۇرۇش ھەر قىتىم جۇڭگودا مۇھىم ئىشلار بولغاندا كۆپەيگەن، بەزى مەھەللىلەردە فالۇنگوڭ مۇرىتلىرىنى قانداق بايقاش ئۆگىتىلگەن شۇنداقلا فالۇنگوڭ مۇرىتلىرىنى بايقاپ خەۋەر قىلغانلارغا مۇكاپات بېرىلگەن.

فالۇنگوڭچىلارنىڭ تەمىنلىگەن ماتىرىياللىرىغا قارىغاندا1999 ـ يىلىدىن بۇيان6000 دىن ئارتۇق فالۇنگوڭ مۇرىتلىرى تۇتۇپ كېتىلگەن، فالۇنگوڭ مۇرىتلىرى ئەمگەك بىلەن تەربىيلەش لاگىرلىرىدا ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا 3 يىلغىچە كېسىلگەن، فالۇنگوڭچىلارنىڭ مۆلچەرلىشىچە100000دىن ئارتۇق فالۇنگوڭ مۇرىتلىرى ئەمگەك بىلەن تەربىيلەش لاگىرلىرىغا ئەۋەتىلگەن.

فالۇنگوڭ مۇرىتلىرى ئۆزلىرىنىڭ قىيىن ـ قىستاققا ئېلىنىش قاتارلىق قەبىھ مۇئامىلىگە ئۇچراۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلماقتا. فالۇنگوڭ مۇرىتلىرى جامائەت خەۋپسىزلىك خادىملىرىنىڭ بۇيرىغى بىلەن روھىي

كېسەللىكلەر دوختۇرخانىلىرىغا ئاپىرىپ قويۇلماقتا ۋە ئۇلارنىڭ ئىرادىسىغا خىلاپ ھالدا ئۇلارغا ئوكۇللار ئۇرۇلۇپ، بەدەنلىرىگە توك ئۆتكۈزۈلمەكتە. ئەمما بۇنداق ئىشلارنىڭ ئەرزىيىتىنى قوبۇل قىلىدىغان بىر مېخانىزىم يوق.

2010-يىلى ئىيوندا تۈرمىگە تاشلانغان فالۇنگوڭ مۇرىتى ساۋ جۈنپېڭنىڭ يولدىشى ”جىنايەتچىنى يوشۇرغان“ دېگەن ئەيىبلەش بىلەن بىر ئاي قاتتىق ئەمگەككە سېلىنغان، ساقچىلىق خىزمىتىدىن قالدۇرۇلۇپ ئايالى بىلەن ئاجرىشىشقا مەجبۇرلانغان.

2010-يىلى فېۋرالدا فالۇنگوڭچىلار بىلەن مۇناسىۋىتى بولغان شېنيۈن سەنئەت ئۆمىكىدىكى بىر مۇزىكانتنىڭ يولدىشى جاڭ فېڭ جۇڭگودا يوقاپ كەتكەن، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنىڭ تۇتۇلغان، قاماققا ئېلىنغانلىقى ۋە ياكى كېسىلگەنلىكى توغرىسىدا ھېچقانداق ئۇچۇرغا ئېرىشەلمىگەن.

2010-يىلى يانۋاردا دائىرىلەر شاڭخەيدىكى بىر ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ دوتسېنتى گو شىئاۋجۈننى قولغا ئالغان ۋە ئۇنىڭ ئۆيىدىن فالۇنگوڭغا ئائىت ماتېرىياللارنى ئىزدەپ تاپقان. فالۇنگوڭچىلار تور بەتلىرىنىڭ خەۋەرلىرىگە قارىغاندا گەرچە گو جىنايى ئىشلار بىلەن ئەيىپلەنمىگەن بولسىمۇ مەزكۇر دوكلاتنى يېزىش جەريانىدا يەنىلا باۋشەن تۇتۇپ تۇرۇش مەركىزىدە تۇتۇپ تۇرۇلماقتا.

2009-يىلى شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ جىنەن شەھىرىدىن جاڭ شىڭۋۇ ” خۇراپىلىق ئارقىلىق قانۇننى كۆزگە ئىلمىغان“ دېگەن ئەيىبلەش بىلەن يەتتە يىل كېسىلگەن. ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ۋە خەلقئارالىق ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، بىخەتەرلىك خادىملىرى جاڭنىڭ ئادۋوكاتىنى جاڭنىڭ سوتىغا قاتناشتۇرمىغان. سوت مەزگىلىدە

ساقچىلار جاڭنىڭ ئۇرۇق - تۇققانلىرىنى ئۇلارنىڭ ئۆز ئۆيلىرىگە نەزەربەنت قىلغان. جاڭنىڭ قىزىنىڭ ئېيتىشىچە جاڭنىڭ تۈرمىدە ئۆز كامېرىدىن ئايرىلىشقا يول قويۇلمىغان شۇنداقلا قاتتىق نازارەت ئاستىغا ئېلىنغان.
2010 - يىلى مارت ئېيىدا شاڭگاڭ ئالاھىدە رايونىدىن لى ياۋ خۇا ۋە ئۇنىڭ قىزى جاڭ يىبو فالۇنگوڭنى مەشىق قىلغانلىق سەۋەبى بىلەن ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئۈچ يېرىم يىل ۋە بىر يېرىم يىل كېسىلگەن، ئىگەللىنىشىچە ئۇلار تۈرمىدە ساقچىلار تەرىپىدىن قىيىن - قىستاققا ئېلىنغان.

فالۇنگوڭچىلارنىڭ بىلدۈرىشىچە، جۇڭگو ھۆكۈمىتى چەتئەللەردىمۇ ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرىگە توسقۇنلۇق قىلغان. خەلق ئىچىدىكى تەشكىلاتلارنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ناخشا - ئۇسۇل ئارقىلىق جۇڭگو مەدەنىيىتىنى ۋە جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ فالۇنگوڭچىلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىۋاتقانلىقىنى تەشۋىق قىلىدىغان سەنئەت ئۆمىكى شېنيۈن سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ۋە فالۇنگوڭ بىلەن مۇناسىۋىتى بولغان رادىئو ئىستانسىلىرىنىڭ ئويۇن قويۇشىنى ۋە ئاڭلىتىشىنى ئاسىيا ياۋروپا دۆلەت ھۆكۈمەتلىرىدىن چەكلەشنى تەلەپ قىلغان.
ئۆي چېركوۋلىرىدىن ئىگەللەنگەن خەۋەرلەرگە قارىغاندا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقى ھارپىسىدا ھۆكۈمەت دائىرلىرى بېيجىڭ، شاڭخەي ۋە شەنشى قاتارلىق جايلاردىكى ئۆي چېركوۋلىرىغا بېسىم ئىشلىتىپ ئۇلاردىن يىغىلماسلىقىنى تەلەپ قىلغان .
2009 - يىلى نويابىردا جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرى ۋە دۆلەت دىني ئىشلار كومىتىتى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ 1200 ئەزاسى بولغان شاڭخەيدىكى ۋانباڭ چىركوۋىدىن دىني مۇلازىمەت قىلىشنى

توختۇتۇشنى تەلەپ قىلغان، شۇنداقلا ئۇلارنى ”قانۇنسىز دىنىي ھەركەتلەر بىلەن شۇغۇللاندى“ دەپ ئەيىبلىگەن. ھۆكۈمەت پوپ سۇي چۇئەننى سوراق قىلغان ۋە چىركوۋلارنى ئۈچ ئۆزگە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەشكىلاتى شۇنداقلا جۇڭگو خىرىستىيانلار جەمىيىتىگە قوشۇلۇشقا قىستىغان. 2009-يىلى كۈزدە بېيجىڭدىكى ئەڭ چوڭ چېركوۋلارنىڭ بىرى بولغان شوۋاڭ ئۆي چېركوۋى ئىجارە بەرگۈچى ئۆي ئىگىسىگە ھۆكۈمەت بېسىم ئىشلەتكەچكە ئىجارە ئالغان ئىشخانىسىدىن ئايرىلىپ قالغان نەتىجىدە ئۇلار جەم بولىدىغان يەر تاپقىچە بېيجىڭنىڭ شىمالىدىكى باغچىدا يىغىلغان. نويابىردا يەرلىك ھۆكۈمەت ئۇلارنىڭ كىنوخانىدا يىغىلىشىغا رۇخسەت قىلغان، مەزكۇر دوكلات تەييارلىنىۋاتقان ئاخىرقى مەزگىللەردىمۇ ئۇلار ئۆزلىرى سېتىۋالغان جايغىمۇ كىرگۈزۈلمىگەن، بۇ چىركوۋنىڭ تور بېتى نەچچە قېتىم ئېتىپ قويۇلغان.

2009-يىلى كۈزدە شەنشى ئۆلكىسىدىكى 50000 ئەزاسى بولغان لىنفېن ئۆي چېركوۋىنىڭ جىن دوڭتەي ( ئالتۇن ئۇپۇق )تارمىغى يەرلىك دائىرىلەر بىلەن دىنىي پائالىيەت ۋە مال-مۈلۈك توغرىلىق تىركىشىپ قالغان. نەتىجىدە 2009-يىلى سىنتەبىردە ساقچىلار چېركوۋغا باستۇرۇپ كىرگەن، 27-سىنتەبىر كۈنى لىنفېن دىنىي ئىشلار ئىدارىسى پوپ ياڭ روڭلىنى ”قانۇنسىز دىنىي ھەركەتلەرنى ئۇيۇشتۇرغان“، ”ياشلارغا قانۇنسىز دىن تارقاتقان“ دېگەن گۇناھ ئارتقان، 25-نويابىر كۈنى چېركوۋنىڭ بەش نەپەر رەھبىرى ”تېرىلغۇ يەرلەرنى قانۇنسىز ئىگەللىۋالغان“، ” يىغىلىش ئورۇنلاشتۇرۇپ قاتناشقا توسقۇنلۇق قىلغان“ دېگەن گۇناھلار بىلەن ئەيىبلەنگەن. پوپ ياڭ، پوپ جاڭ خۇامېيلار ئايرىم-ئايرىم ھالدا يەتتە يىللىق، تۆت يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان، پوپ ۋاڭ شىئاۋ گۇاڭ ۋە باشقا ئىككى مۇرىت ئۈچ يىلدىن تۆت يىلغىچە قاماققا

هۆكۈم قىلىنغان، يەنە باشقا بەش مۇرىت ئىككى يىللىق ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش لاگىرىغا ئەۋەتىلگەن.

2010-يىلى2-ماي كۈنى گۇاڭجۇدىكى ساقچىلار گۇاڭجۇدىكى لىئاگرېن چېركوۋىنىڭ ئىجارە ئىگىسىگە بېسىم ئىشلىتىپ ئىجارە توختامنى بىكار قىلدۇرىۋەتكەن، چېركوۋ ئەزالىرى ئامالسىز سىرىتتا ئىبادەت قىلغان. هۆكۈمەت دائىرىلىرى يەنە لىئاگرېن چېركوۋىنىڭ پوپى ۋاڭداۋ ۋە ئۇنىڭ ئايالىنى نەچچە قېتىم تۇتۇپ تۇرغان، ئۇلارنىڭ ئۆيىنى مەجبۇرى ئاختۇرۇپ ئۇلارغا تەهدىت سالغان، 2010-يىلى9-مايدا گۇاڭجۇدىكى خەلق مەيدانىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىبادەتتە دائىرىلەر پوپ ۋاڭنى ”جەمىيەت ئامانلىقىنى بۇزدى“ دىگەن جىنايەت بىلەن قولغا ئېلىپ 13-ئىيوندا قويۇپ بەرگەن. مەزكۇر دوكلات تەييارلىنىۋاتقان ئاخىرقى مەزگىللەردىمۇ ۋاڭ يەنىلا ”كىرىددىت كارتۇچكىسىنىڭ باشقۇرۇلىشىغا توسقۇنلۇق قىلدى“ دىگەن جىنايەت بىلەن سوتلىنىشنى كۈتۈپ تۇرماقتا.

نۇرغۇنلىغان خىرىستىيان تەشكىلاتلىرى 2008-يىلى سىچۇەندە يۈز بەرگەن يەر تەۋرەشتە ئامان قالغانلارغا يەردەم بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن بەزى تىزىمغا ئالدۇرمىغان خىرىستىيان تەشكىلاتلىرىنىڭ ياردەملىرىگە هۆكۈمەت دائىرىلىرى ئارىلىشىۋالغان.

2009-يىلى دىكابىردا ئۇيغۇر خىرىستىيان ئۆي چېركوۋى رەهبىرى ئالىمجان هىمىت قەشقەر ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا سوت مەهكىمىسى تەرىپىدىن ”چەتئەللىكلەرنى قانۇنسىز هالدا دۆلەت مەخپىيەتلىگى بىلەن تەمىنلىگەن“ دىگەن ئەيىبلەش بىلەن 15 يىللىق قاماق جازاسىغا هۆكۈم قىلىنغان. 2010-يىلى 16-مارت كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يوقۇرى سوت

2008 ـ يىلى قىلغان ئەرزىنى رەت قىلغان يۇقۇرىغا ئۇنىڭ مەھكىمىسى سىنتەبىردە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ناھەق تۇتۇپ تۇرۇشنى تەكشۈرۈش خىزمەت گۇرۇپپىسى ئالىمجاننىڭ ناھەق تۇتقۇن قىلىنغانلىقىنى، ئۇنىڭ تۇتقۇن قىلىنغانلىقىنىڭ خەلقئارالىق قائىدە ـ قانۇنلارنى بۇزغانلىقىنى بايقىغان.

2009 ـ يىلى 18 ـ نويابىر كۈنى دائىرىلەر 2007 ـ يىلى "چەتئەللىكلەرنىڭ قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرگە ياردەملەشكەن" دېگەن ئەيىبلەش بىلەن قولغا ئېلىنىپ ئىككى يىل ئەمگەك بىلەن ئۆگەرتىش لاگېرىدا قاماپ قويۇلغان ئۇيغۇر خىرىستىيان ئۆي چېركوۋى رەھبىرى ئوسمان ئىمىننى قويۇپ بەرگەن.

مەزكۇر دوكلات تەييارلىنىۋاتقان ئاخىرقى مەزگىللەردىمۇ فاڭچېڭ چېركوۋىنىڭ ۋە جۇڭگو خىرىستىيان ئۆي چېركوۋى تورىنىڭ رەھبىرى پوپ جاڭ روڭلىئاڭ يەنىلا ئۆزىنىڭ يەتتە يېرىم يىللىق تۈرمە ھاياتىنى كەچۈرمەكتە. جاڭ 60 ياشتىن ئاشقان، جاڭنىڭ ئېغىر دىئابىت كىسىلى بولۇپ ئۇ كۆپ قېتىم چەتئەللەرگە چىقىپ خىرىستىيانلارغا نۇتۇق سۆزلىگەن، 2006 ـ دائىرىلەر ئۇنى "يالغان پاسسپورت ياسىغان، قانۇنسىز چېگرادىن چىققان" دېگەن گۇناھ بىلەن ئەيىبلىگەن.

2009 ـ يىلى بېيجىڭ دائىرىلىرى شى ۋېيخەننى ئىنجىل ۋە بەزى خىرىستىيان كىتابلىرىنى بېسىپ تارقاتقانلىقى ئۈچۈن قانۇنسىز سودا بىلەن شۇغۇللاندى دەپ ئەيىبلەپ ئۈچ يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلغان، نۆۋەتتە ئۇ ئۆزىنىڭ جازا مۇددىتىنى ئۆتىمەكتە.

ھۆكۈمەت تەيىنلىمىگەن بەزى كاتولىك دىنىنىڭ دىنىي خادىملىرى داۋاملىق تۇتۇپ تۇرۇلماقتا، بولۇپمۇ خېبېي ئۆلكىسىدە تىزىمغا ئالدۇرمىغان روھانىلارنى، پوپلارنى ھۆكۈمەت نازارەت قىلىش، دائىم

قىسقا ۋاقىت تۇتۇپ تۇرۇشتەك ئېغىر پاراكەندىچىلىكلەر مەۋجۇت.

1997 ـ يىلى تۇتۇلغاندىن كېيىن ئىز ـ دېرىكى بولمىغان ھۆكۈمەتكە تىزىمغا ئالدۇرمىغان روھان سۇ جىمىڭ توغرىسىدا تېخىچە ھېچقانداق ئۇچۇر يوق.

خېبېي ئۆلكىسىنىڭ ياۋ لىياڭ دىگەن يېرىنىڭ شى ۋەنزى دىنىي رايونىنىڭ يارده‌مچى روھانى لى خۇيشېڭ مەزكۇر دوكلات يېزىلىۋاتقان چاغلاردىمۇ يەنىلا تۇتۇپ تۇرۇلماقتا. ئۇنىڭغا "ئاممىنى ھۆكۈمەتكە قارشى تۇرۇشقا قۇتراتقان" دىگەن ئەيىبلەش بىلەن 7 يىللىق قاماق جازاسى بېرىلگەن بولۇپ، ساقچىلار ئۇنى 2006 ـ يىلى ئاۋغۇستتا ئۇرۇپ قىيىنغان.

مەزكۇر دوكلاتنى تەييارلاش خىزمىتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىمۇ خېبېي جىڭدىڭلىق 75 ياشلىق روھان جۇلىيەس جىئا جىگو يەنىلا تۇتۇپ تۇرۇلماقتا. ھۆكۈمەت دائىرلىرى ئۇنى 2009 ـ يىلى مارتتا ۋاتىكان قوللىغان كاتولىك چېركوۋلىرى يىغىلىشىنىڭ بىرىنچى كۈنىلا قولغا ئالغان. خەۋەرلەرگە قارىغاندا روھان جىئا ۋەتەنپەرۋەر كاتولىكلار ئۇيۇشمىسىغا قاتنىششنى رەت قىلغان لېكىن، ۋاتىكان بىلەن ۋەتەنپەرۋەر كاتولىكلار ئۇيۇشمىسىنىڭ يارىشىپ قېلىشى ئۇچۇن كۈچ چىقارغان.

مەزكۇر دوكلات تەييارلىنىۋاتقان مەزگىللەردىمۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون دائىرلىرى ئۇيغۇرلارنى ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقاتى ۋە دىنىي پائالىيەتلىرى سەۋەبىدىن داۋاملىق قولغا ئالماقتا.

2009 ـ يىلى ئىيۇل ئېيىدا ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ غۇلجا ناھىيىسىدە يەرلىك دائىرىلەر زۇلپىيە ۋە ئۇنىڭ ئۇچ تۇققىنىنى خوشنىلارغا دىنىنى چۈشەندۈرگەن، دىنىي كىتاپلارنى ئوقۇپ بەرگەن، دىنىي كىيىملەرنى كىيگەن دىگەن گۇناھ بىلەن قولغا ئالغان، ھۆكۈمەت ئۇنى

ھۆكۈمەت تەيىنلىگەن دىنىي رەھبەرلەرنى كۆزگە ئىلمىدى دەپ ئەيىبلىگەن.

2009-يىلى ئىيۇل ئېيىدا شۇ ناھىدىكى يەنە بىر يېزىدا دائىرىلەر سېتىۋالدى ھاشىم، ئۇنىڭ ئايالى ھەلىمە ۋە باشقا ئۈچ ئائىلە ئەزالىرىنى تۇتۇپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ ئۇرۇق-تۇققانلىرىنىڭ ئەھۋال مەلۇم قىلىشىچە ھۆكۈمەت سېتىۋالدى ھاشىمنى چەكلەنگەن دىنىي تەلىم بەردى دېگەن ئەيىبلەش بىلەن 40 كۈن تۇتۇپ تۇرغان.

خەلقئارالىق ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، 2009-يىلى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مارالبېشى ناھىيىسىدە 32 ئايال قۇرئان ئۆگەنگەنلىكى ئۈچۈن "قانۇنسىز دىنىي ھەركەتلەرگە قاتناشتى" دەپ ئەيىبلىنىپ تۇتۇپ كېتىلگەن.

2009-يىلى مارت ئېيىدا خوتەن شەھىرىدە يەتتە ئىسلام مەكتىۋى تاقىۋېتىلىپ ئۆيلەر بىردىن بىر ئاختۇرۇلغان، 39 كىشى قولغا ئېلىنغان، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى كىتاب، تەشۋىقات ۋاراقلىرى ۋە قوراللارنى قولغا چۈشۈرگەنلىكىنى ئېلان قىلغان.

ئىشەنچىلىك خەۋەرلەرگە قارىغاندا ھۆكۈمەت دائىرىلىرى پاكىستان، سەئۇدى ئەرەبىستان، سۇرىيە قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرى جۇڭگوغا قايتۇرۇپ ئېلىپ كەلگەن. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ بەزىلىرى دىنىي ئەركىنلىكىنىڭ كەمچىللىكىگە قارشى تۇرسا، يەنە بەزىلىرى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتناشتى دەپ ئەيىبلەنگەن.

شىمالىي كورىيەلىك مۇساپىرلار توغرىسىدىكى ئۈچۈرلار ئامېرىكا گوۋىيىەنىنىڭ 2009-يىللىق جۇڭگودىكى كىشىلىك ھوقۇق ھەققىدىكى دوكلاتى ۋە 2010-يىللىق كورىيە خەلق دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتى

توغرىسىدا يېزىلغان خەلقئارالىق دىنىي ئەركىنلىك دوكلاتىغا قارالسۇن.

## دىنىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇرلاش

فالۇنگوڭ تەشكىلاتلىرىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، قولغا ئېلىنغان فالۇنگوڭ مۇرىتلىرى جىسمانى ۋە پسىخولوگىيەلىك جەھەتتە قىيىن قىستاققا ئېلىنىپ ئۇلارنىڭ فالۇنگوڭغا قارشى تۇرۇشى تەلەپ قىلىنغان.

## دىنىي ئېتىقات ئەركىنلىگىدىكى ئىلگىرلەش ۋە ئىجابى ئۆزگۈرۈشلەر

مەزكۇر دوكلات تەييارلىنىۋاتقان مەزگىللەردە جۇڭگودىكى ئاخبارات ۋاستىلىرى بېيجىڭدىكى شوۋاڭ ئۆي چېركوۋىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىرنەچچە پارچە دىن مۇنازىرە قىلىنغان ماقالىلارنى باستى، **2009** ـ يىلى نويابىردا ئېڭگىلىس تىلىدا چىقىدىغان”دۇنيا ۋاقتى“ گېزىتى ئۆي چېركوۋلىرى توغرىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ماقالىنى باسقان، ـ **2009**يىلى دىكابىردا ” جۇڭگو ۋاقتى “ گېزىتى قانۇننىڭ رولى ۋە دىنىي ئەركىنلىك توغرىسىدىكى ماقالىنى باسقان.

بەزى ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ئۆي چېركوۋلىرى توغرىسىدا ئىلمىي مۇنازىرىلەر ئېلىپ بېرىلغان ۋە تەتقىقاتچىلار تىخمۇ كۆپ چېركوۋلارنىڭ تىزىمغا ئېلىنىشى ئۈچۈن دىنىي تەشكىلاتلارنى تىزىمغا ئالدۇرۇش تۈزۈملىرىنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەن.

چەتئەللەرنىڭ دىنىي تۈس ئالغان ياردەم تەشكىلاتلىرىنىڭ جۇڭگودا ئىجتىمائىي مۇلازىمەت ئېلىپ بېرىشىغا يول قويۇلغان مەسلەن.شاڭگاڭنى بازا قىلغان خەلق ئىچىدىكى تەشكىلات(NGO) خىرىستىيان ھەركىتى چىڭخەي ئۆلكىسىدە يېتىم بالىلارنى تەربىلەش مەركىزى قۇرغان، تەيۋەننى بازا قىلغان بۇددا دىنىنىڭ خەلق ئىچىدىكى تەشكىلاتى (NGO) سىجى تەشكىلاتى داۋاملىق ھالدا سىچۇئەندىكى يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغان يەرلەرگە ياردەم بېرىپ يەرلىككە 13 مەكتەپ سېلىپ بەرگەن.

چەتئەللىكلەرمۇ ھۆكۈمەتتە تىزىمغا ئالدۇرغان دىنىي سورۇنلاردا دىن توغرىسىدا سۆزلەشكە تەكلىپ قىلىنغان، 2010-يىلى مارتتا پوپ لۇئىس پالو ۋە پوپ جەمس مىكلار خاڭجۇدىكى چوڭيى خىرىستىيان چېركاۋىدا 14000 ئادەمگە ۋەز ئېيتقان، 2009-يىلى ئۆكتەبىردە پوپ فرەڭكلىن گرەخەم خېبېينىڭ باۋدىڭ شەھىرىدىكى بىر خىرىستىيان چېركاۋىدا 10000ئادەمگە ۋەز ئېيتقان.

2010-يىلى مايدا شاڭخەي دائىرلىرى شاڭخەي دۇنيا كۆرگەزمىسى مۇناسىۋىتى بىلەن شاڭخەي مائارىپ كومىتېتى قوروسىغا جايلاشقان ئوخېل راشېل يەھۇدىي ئىبادەتخانىسىنى تاكى 2010-يىلى 31-ئۆكتەبىرگىچە بولىدىغان شاڭخەي دۇنيا كۆرگەزمىسى جەريانىدا سىرتقا ئېچىۋەتكەن.

2010-يىلى ئاپرىلدا ئىچكى موڭغۇلدا بەش يىل بوش تۇرغان روھانىنىڭ ئورنى تولدۇرۇلۇپ يېڭى روھان تەيىنلەنگەن. روھان پول مېڭ چىڭلۇ خوخوتنىڭ يەتتىنچى روھانى بولۇپ تەيىنلەنگەن، روھان مېڭ-2007يىلى ئۆكتەبىردىن بۇيان جۇڭگودا تۇنجى قېتىم تەيىنلەنگەن

روهان بۇلۇپ ئۇنى ۋاتىكان ۋە جۇڭگو كاتولىك دىنى چېركوۋلىرى روھانىلىرى بىرلەشمىسى تەڭلا روھانىلىققا تەيىنلىگەن.

2010-يىلى پوپ جوسف خەن يىڭجىن شەنشى ئۆلكىسىدىكى سەنيۇەننىڭ يېڭى روھانىلىغىغا تەيىنلەنگەن. ئۇنىڭ روھانىلىغىغا ۋاتىكانمۇ قوشۇلغان بۇلۇپ روھانىلىققا تەيىنلەش مۇراسىمى يۈئەنمېڭشاڭدىكى كاتولىك دىنى چېركوۋسىدا ئۆتكۈزۈلگەن.
بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق بىرچەتئەللىك كاتولىك دىنى مۇرىتلىرى تەشكىلىنىڭ بىلدۈرىشىچە مەزكۇر دوكلات تەييارلىنىۋاتقان مەزگىللەردىمۇ جۇڭگو پۇخرالىرىنىڭ ئۇلار ئۆيۈشتۇرغان ئىبادەتلىرىگە قاتنىششىغا يول قويۇلغان.

## ئۈچىنچى بۆلۈم :جەمىيەتنىڭ دىنىي ئەركىنلىكنى ھۆرمەت قىلىش ئەھۋالى

جۇڭگودا مىللەت بىلەن دىن ئۆز-ئارا ئارىلىشىپ كەتكەچكە نۇرغۇن ۋەقەلەرنىڭ پەقەت دىنىي ۋە ياكى مىللىي ۋەقە ئىكەنلىگىنى جەزىملەشتۈرۈش تەس، لېكىن زاڭزۇلار ۋە ئۇيغۇرلار ئۇلارنىڭ ئوخشىمىغان دىنىي ئېتىقاتى،تىلى،مەدىنىيتى بولغانلىغى ئۈچۈن ھەم دىنىي ھەم مىللىي كەمسىتىشكە ئۇچىرىماقتا. مەزكۇر دوكلات تەييارلىنىۋاتقان مەزگىللەردىمۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ئۇيغۇرلار بىلەن خەنزۇلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت داۋاملاشماقتا. زاڭزۇلار رايونىدىكى خەنزۇلار، خۇيزۇلار، زاڭزۇلار ۋە زاڭزۇلار رايونىدىكى مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتمۇ داۋاملاشماقتا.

## تۆتىنچى بۆلۈم :ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ سىياستى

ئامېرىكا گوۋېييەنى، ئامېرىكىنىڭ بېيجىڭدىكى باش ئەچىخانىسى، ئامېرىكىنىڭ چېڭدۇ، گۇاڭجۇ، شاڭخەي، شېنياڭ ۋە ۋۇخەندىكى كونسۇلخانىلىرى جۇڭگو مەركىزى ھۆكۈمىتى ۋە يەرلىك ھۆكۈمەتلەردىن دىنىي ئەركىنلىكنى قوغداش تەدبىرلىرىنى قوللۇنىشنى تەلەپ قىلىپ كەلمەكتە. ئامېرىكىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى دىنىي تەشكىلات ئەزالىرى، دىنىي ئەركىنلىكنى قوغدىغۇچىلار بىلەن كۆرۈشۈپ، ئاممىۋى نۇتۇق سۆزلىگەندە ۋە جۇڭگونىڭ يۇقۇرى دەرىجىلىق ئەمەلدارلىرى بىلەن ئايرىم كۆرۈشكەندە دىنىي ئەركىنلىكنى تەرغىپ قىلىپ كەلمەكتە، ئامېرىكا گوۋېييەنى ئامېرىكا باش ئەلچىخانىسى ۋە كونسۇلخانىلىرى داۋاملىق تۈردە جۇڭگو ھۆكۈمىتىدىن ناھەق تۇتۇپ تۇرۇلغانلارنى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلماقتا.

ئامېرىكىدىكى ۋە جۇڭگودىكى ئامېرىكا ئەمەلدارلىرى ئۈزلۈكسىز تۈردە تەتقىقاتچىلار، خەلق ئىچىدىكى تەشكىلاتلار، تىزىمغا ئالدۇرغان ياكى ئالدۇرمىغان دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ ئەزالىرى، دىنىي ئېتىقات سەۋەبىدىن تۈرمىدە يېتىۋاتقانلارنىڭ ئائىلە ـ تاۋابەتلىرى بىلەن ئۇچرۇشۇپ تۇرماقتا. ئامېرىكا گوۋېييەنى جۇڭگولۇك دىنىي رەھبەرلەرنى ۋە تەتقىقاتچىلارنى دىنىنىڭ ئامېرىكا جەمىيىتىدە ئۇينايدىغان رولى ھەققىدىكى خەلقئارالىق يىغىنلارغا قاتنىششقا تەكلىپ قىلدى، ئامېرىكا گوۋېييەنى يەنە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنى شۇنداقلا ئامېرىكىنىڭ ھۆكۈمەت تەرەپ بولغان ئامېرىكىدىكى دىنىي تەشكىلاتلار بىلەن قويۇق مۇناسىۋىتى

بولغان چەتئەللەرگە ياردەم بېرىش ئورگانلىرىنىڭ رەھبەرلىرىنى جۇڭگولۇق رەھبەرلەرگە تونۇشتۇرماقتا.

1999 ـ يىلدىن بۇيان ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى كاتىۋى جۇڭگونىڭ دىنىي ئەركىنلىكنى ئېغىر دەرىجىدە دەپسەندە قىلغانلىق مۇناسىۋىتى بىلەن خەلقئارالىق دىنىي ئەركىنلىك ئەھدىنامىسى بويىچە جۇڭگونى " كىشىنىڭ دىققەت ئېتىۋارىنى قوزغاۋاتقان دۆلەتلەر" قاتارىغا كىرگۈزگەن ئىدى بۇ تىزىملىككە جۇڭگونىڭ قايتىدىن كىرگۈزۈلىش ۋاقتى 2009 ـ يىلى 16 ـ يانۋار كۈنى بولدى.
خەلقئارالىق دىنىي ئەركىنلىك ئەھدىنامىسىغا خىلاپلىق قىلغان دۆلەتلەرگە جىنايى ئىشلارنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان بويۇملار ۋە رازۋېتكا بويۇملىرىنى ئېكسپورت قىلىش چەكلىنىپ كەلمەكتە. ( تاشقى مۇناسىۋەت ماددىلىرىنىڭ 1990 ـ يىل ۋە 1991 ـ يىلدىكى پ.ل.246 ـ 101 غا قارالسۇن.)